# 366883 - رامزاننىڭ كۈندۈزدە سىڭىمچانلىقنى سىناش ئۈچۈن تىرە ئاستىغا ئىرىتىلگەن تۈزلۈق ئوكۇل سالدۇرۇش روزىنى بۇزامدۇ؟

## سوئال

مەن سىستىرالىق پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بىز بۈگۈن سىڭىمچانلىقنى سىناش ئەمەلىيتى ئىلىپ بىرىشنى ئۆگەنگەن ئىدۇق، ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ سىناقنى قانداق ئېلىپ بىرىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە ئىرىتىلگەن تۈزلۈق ئوكۇل سىلىشتا پاراكتىكا ئىلىپ بارماقچى، رامزاندا بۇ تۈردىكى تەجرىبە قىلىش توغرا بولامدۇ؟. بۇ تىرە ئاستىغا ئۇرۇلىدىغان ئىنتىرادەرمال(ئىنترادەرمال)تۈرىدىكى ئوكۇلدىن ئىبارەت.

## ئىخچام جاۋاپ

سىڭىمچانلىقنى سىناش ئەمەلىيتى ئىلىپ بىرىش ئۈچۈن تىرە ئاستىغا ئىرىتىلگەن تۈزلۈق ئوكۇل سالدۇرسا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلىنىش ھاسىل بولمايدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ۋىتامىنلىق ۋە قاننى جانلاندۇرىدىغان ئوزۇقلۇق ئوكۇلى بولمىسىلا، ئادەتتىكى داۋالىنىش ئوكۇلى روزىنى بۇزمايدۇ.

" ئىسلام پىقھى ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى 1-بۆلۈم ئونىنچى ساندا" مۇنداق بايان قىلىنغان: تۆۋەندىكى ئىشلار روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن ھېسابلانمايدۇ: كاسىسىغا ياكى موسكۇلغا ياكى تىرە ئاستىغا ئۇرىدىغان ئوكۇللار، ئوزۇقلۇقلۇق خاراكتېرىدىكى سۇيۇقلۇق ياكى ئوكۇللار بۇنىڭ سىرتىدا.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: كاسىغا ياكى موسكۇلغا ياكى تىرە ئاستىغا ئۇرىدىغان ئوكۇللارنىڭ ھۆكمى؟ توغرىسىدا سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئوزۇقلۇق خاراكتېرىنى ئالمىغان ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىن بولمىغان بارلىق ئوكۇللار تىرە ئاستىغا ئۇرۇلسۇن مەيلى كاسىدىن ياكى يوتىسىدىن ياكى قايىسى ئورۇندىن ئۇرۇلسۇن روزا بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى بۇ يېمەك-ئىچمەك ياكى يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرمايدۇ. بىز بۇنى ئىلگىرىمۇ بايان قىلغان ئىدۇق، بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ، ھەقىقەتەن روزىغا تەسىر قىلىدىغىنى

ئوزۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ئىنسانىنى يېمەك-ئىچمەكتىن بىھاجەت قىلىدىغان ئوكۇلدۇر. ["روزا پەتىۋالىرى" 220-بەت].

بۇنىڭغا ئاساسەن: سىزىمچانلىقنى سىناش ئەمەلىيىتى ئىلىپ بېرىش ئۈچۈن تېرە ئاستىغا ئېرىتىلگەن تۇزلۇق ئوكۇل سالدۇرسا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلىنىش ھاسىل بولمايدۇ.

ئالله تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.